# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى خۇپتەن نامىزىنى كېچىكتۈرىۋەتكەن ئىدى، ئۆمەر تۇرۇپ: «ناماز ئى رەسۇلۇللاھ! ئايال ۋە باللار ئۇخلاپ كەتتى» دېدى. رەسۇلۇللاھ بېشىدىن سۇ تامچىغان ھالدا چىقىپ مۇنداق دېدى: ئەگەر ئۈممىتىمگە ئېغىرچىلىق بولمايدىغان بولسا خۇپتەن نامىزىنى بۇ ۋاقىتتا ئوقۇشقا بۇيرۇيتتىم

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى خۇپتەن نامىزىنى كېچىكتۈرىۋەتكەن ئىدى، ئۆمەر تۇرۇپ: «ناماز ئى رەسۇلۇللاھ! ئايال ۋە باللار ئۇخلاپ كەتتى» دېدى. رەسۇلۇللاھ بېشىدىن سۇ تامچىغان ھالدا چىقىپ مۇنداق دېدى: ئەگەر ئۈممىتىمگە ئېغىرچىلىق بولمايدىغان بولسا ئىدى، خۇپتەن نامىزىنى بۇ ۋاقىتتا ئوقۇشقا بۇيرۇيتتىم
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى خۇپتەن نامىزىنى كېچىكتۈردى، كېچىنىڭ خېلى بىر قىسمى ئۆتتى، ئۇزۇن ساقلاشقا قۇربىتى يەتمەيدىغان ئايالالار، باللار ئۇخلاپ قالدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: ناماز ئوقۇۋاللىلى، ئايالالار، باللار ئۇخلاپ بولدى، دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇيۇنغانلىقتىن باشلىرىدىن سۇ تامچىغان ھالدا چىقتى ۋە چۈشەندۈرۈپ دېدى: خۇپتەن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش ئەۋزەل، ئەگەردە نامازنى ساقلاپ ئۈممىتىمگە جاپا بولمايدىغان بولسا ئىدى، خۇپتەننى كېچىكتۈرۈپ بۇ ۋاقىتتا ئوقۇشقا بۇيرۇيتتىم، دېدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3537